# 268607 - خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى ئۆلتۈرگەن ئۇۋلاغنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

مەن بەزى كىتابلارنى ئوقۇدۇم ۋە بەزى ئاۋازلىق ئەسەرلەرنى ئاڭلىدىم، بىر قىسىم ھەنبەلى ئۆلىمالىرى: مۇسۇلمانلاردىن ياكى ئەھلى كىتابلاردىن بولغان خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرگەن ئۇۋلاغلىرىنىڭ گۆشىنى كەسكىن يېگىلى بولمايدۇ ياكى يېيىش پەقەت ياخشى كۆرۈلمەيدۇ دەيدۇ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا قايسى مەزھەپ سۆزلىگەن؟ مەزھەبتە كۈچكە ئىگە قاراش قايسى؟ ئۇۋلاغلارنى بوغۇزلاشتا خەتنىسى قىلىنمىغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلى كىتابلار ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىخچام جاۋاپ

خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى ئەھلى كىتاب بولسۇن ئۇنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، بۇ يەردە ئىمام ئەھمەدتىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە، خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى بوغۇزلىغان ئۇۋلاغنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

خەللالنىڭ: "ئەلئۇقۇۇپ ۋەتتەرەججۇل" ناملىق ئەسىرى 146-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ، مەن ئەبۇ ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: "خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى بوغۇزلىغان ئۇۋلاغنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ، خەتنىسى قىلىنمىغىچە نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ، ھەججى ھەج بولمايدۇ، خەتنە قىلىش بولسا ئىسلامنىڭ مۇكەممەل بولىشىدۇر". ئىمام ئەھمەد بۇ مەسىلىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىغا تايانغان.

زەركىشى رەھمەھۇللاھ ئىمام ئەھمەدتىن: "خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بەرگەن زاكىتىمۇ قوبۇل بولمايدۇ" دېگەن سۆزنى نەقىل قىلغان. ئىمام ئەھمەد بۇ مەسىلىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىغا تايانغان.

["شەرھى زەركشى ئەلا مۇختەسەر خەرقى" 6-توم 660-بەت].

ئىبنى ئەبى شەيبە :ئەل مۇسەننەپ"11-توم 701-بەتتە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇلانغان ئىسناد بىلەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان مۇنۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان: "خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۇلتۇرگەن ئۇلغىنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ".

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ بۇ ئەسەرنى سەھىھ دەپ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدۇ: **«خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۇلتۇرگەن ئۇلغىنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ»**.

بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبى شەيبە سەھى ئىسناد بىلەن كەلتۈرگەن. ئابدىرازىزاق "ئەلمۇسەننەپ"تە كەلتۈرگەن، بەيھەقى "شۆئەبىل ئىمان"دا كەلتۈرگەن. زەيلەئىينىڭ "ئەددىرايە فى تەخرىج ئەھادىيس ئەلھىدايە" ناملىق ئەسرى 2-توم 173-بەتتىن ئېلىندى. "ئەتتەھجىيل" 17-بەتكە قارالسۇن.

لېكىن ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئاساسلىق قاراشتا، خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

مىرداۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ: مال بوغۇزلىغۇچى ئۈچۈن تۆت تۈرلۈك شەرت لازىم بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، مال بوغۇزلاشقا سالاھىيتى بولۇش، ئۇ بولسىمۇ ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولۇش... ئەسەرنىڭ ئاپتۇرى بۇنىڭ قاتارىغا خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىمۇ كىرگۈزدى، بۇمۇ مەزھەبتىكى توغرا قاراش، مەزھەبتىكى كۆپچىلىك كىشىلەر بۇ قاراشتا". ["ئەلئىنساپ" 27-توم 287-بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى].

ھەنبەلى مەزھىبىدىكى مەشھۇر قاراشتا، خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ، بۇ قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا مۇۋاپىقتۇر.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئەگەر خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى ئۇلاغنى تولۇق بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ." ["ئەلئىستىزكار"26 -توم 245-بەت].

بۇ كۆچلۈك قاراش، چۈنكى خەتنىسى قىلىنمىغان كىشى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى خىرىستىئانلارنىڭ ئاساسەن خەتنىسى قىلىنمايدۇ شۇنداقتىمۇ ئۇلار بوغۇزلىغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە خەتنىسى قىلىنمىغان مۇسۇلماننىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ.

ئەبۇ بەكىر ئىبنى مۇنزىر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىش توغرىسىدا ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلىشتى، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ ۋە تابىئىنلاردىن

ھەسەنىل بەسەرى قاتارلىقلار يېگىلى بولمايدۇ دەيدۇ، بۇ مەسىلىدە ھەسەنىل بەسەرىدىن ئىئوخشىمايدىغان قاراش بايان قىلىنغان.

ھەممەد ئىبنى ئەبى سۇلايمان: يېسە بولىدۇ دەيدۇ، بۇ قاراش شاپىئى مەزھىپىنىڭ قارىشىغا ئوخشايدۇ، ئەبۇ سۆر ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى پەتۋا بېرىدىغان ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس دەپ پەتۋا بېرىدۇ.

ئەبۇ بەكرى مۇنداق دەيدۇ:"بىز شۇنداق دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابلارنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلاغلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى دۇرۇس قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەتنىسى قىلىنمىغانلارمۇ بار، ئۇنىڭغا كۆرە، خەتنىشى قىلىنمىغان مۇسۇلماننىڭ بوغۇزلىغەن ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى ئەلۋەتتە يېگىلى بولىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَكُلُوا مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ﴾ تەرجىمىسى: **«ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىپ بوغۇزلانغان ئۇلاغنىڭ گۆشىنى يەڭلار.»** خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ". ["ئەلئىشراف"3 -توم 434-435-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھدىن بايان قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ: **«خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ»** دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق دېگەن.

توغرا قاراشتا: يېگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇسۇلماندۇر. بۆھتانچىنىڭ، زىناخورنىڭ، ھاراق ئىچكۈچى قاتارلىقلارنىڭ پاسىقلىقى ئېنىق تۇرۇپمۇ، خەتنىسى قىلىنمىغان خىرىستىئاننىڭ كاپىر بولسىمۇ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولغان يەردە، ئەلۋەتتە خەتنىسى قىلىنمىغان مۇسۇلماننىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ. ["ئەلمۇغنى" 13-توم 293-بەت].

خەتنىسى قىلىنمىغان كىشىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەشكە: يۇقىردا بايان قىلىنغاندەك ئەھلى كىتابنىڭ كۆپچىلىكى خەتنىسنى قىلمايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان  ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى دۇرۇس دېگەن قاراشنى كەلتۈردى.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ **«ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى»** دېگەن ئايەتنى، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرى دەپ چۈشەندۈرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايەتتىكى ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى دېگەن سۆزنى بوغۇزلىغان ئۇلاغلىرى دەپ چۈشەندۈرگەن... بۇ بەيھەقىينىڭ رىۋايىتىدە ئەلى ئىبنى ئەبى تەلھەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇغا يەتكۈزۈپ قىلغان رىۋايىتىدە: **«ئەھلى كىتابلارنىڭ يېمەكلىكى سىلەرگە ھالال قىلىندى دېگەن ئايەتنى ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلاغلىرى دەپ چۈشەندۈرگەن»**.

بۇ سۆزنى ئوتتۇرغا قويغۇچىلار ئەلى كىتابنىڭ كۆپچىلىكى خەتنىسنى قىلمايدىغان بولغاچقا خەتنىسى قىلىنمىغان مۇسۇلمانىنىڭ بوغۇزلىغان ئۇلۇغىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان،

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھىرەقلى ۋە ئۇنىڭ قوۋمىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دىگەن: ﴿يَاأَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ﴾ تەرجىمىسى: **«ئى ئەھلى كىتاپ! بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىپرتاق سۆزگە كېلىڭلار»**. ھىرەقلى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى خەتنىسنى قىلمايتتى، ئۇلار ئەھلى كىتاب دەپ ئاتالغان. پەتھۇلبارى 9-توم 637-بەت.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.